ئىستىقلال ئاۋازى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى
ISTIQLAL
دېكابىر 2022 (ئومۇمىي 29 - سان)
توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# خىتاي يېڭى تۈردىكى لاگېرلارنى كېڭەيتمەكتە

Istiqlal TV




# «شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرايلى»

## تېمىسىدا ئاخبارات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1-دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن تۈركىيە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ فاتىھدىكى باش مەركىزىدە «شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئاۋاز چىقرايلى» تېمىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر باياناتنى ئېلان قىلىش يىغىنى تۈركىيە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ باشچىلىقى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە خەلقئارا كۆچمەنلەر ھوقۇقى جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن تەشكىللەندى. ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىم سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ كەلگۈسىدە دۇنيانى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى، خىتايدا رەھىم-شەپقەت يوق ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئىسلام دۇنياسىنىڭ خىتايدىن مەنپەئەت ئېلىش كويىدا ئىكەنلىكىنى، خىتاي ئىشغالىيەت ئاستىدىكى خەلقلەرنى ۋەيران قىلىپ قىلغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئىسلام دۇنياسى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە كېلىدىغانلىقىنى، ئىسلام دۇنياسى بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن قىلىۋاتقان بارلىق سودىلىرىنى توختىتىپ، خىتايغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن خەلقئارا كۆچمەنلەر ھوقۇقى جەمئىيىتىدىن ئادۋوكات ئابدۇللاھ رەسۇل دېمىر باياناتنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتتا خىتاينىڭ 2016-يىلىدىن بېرى نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا سولاپ قىرغىن قىلغانلىقىنى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقىنى، نۆۋەتتە بولسا ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشىكلەرنى تاقاپ خەلقنى ئۆلۈمگە ئىتتىرگەنلىكىنى، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدە خىتاينىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، 10 ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ئېلان قىلغانلىقىنى، ئەمما خەلقئارا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بۇ پاجىئەدە 44 كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنىڭ پەقەتلا بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا

بۇ قېتىملىق ئوت ئاپىتىنىڭ نورمال بىر ئاپەت ئەمەسلىكىنى، نۆۋەتتە خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق ۋىلايەت-شەھەرلىرىدە قاتتىق قامالنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، قاتتىق قامالدا ئاچ قالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىدەك پاجىئەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ تۈركىيە باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكشۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

باياناتنى ئېلان قىلىش يىغىنىغا يەنە ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان مەرھۇم قەمەرنىساخان ئابدۇراھماننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىلەن شاراپەتمۇ قاتناشتى. مۇھەممەد سۆزىدە ئالدى بىلەن خىتايدىن جازا لاگېرىغا قامالغان دادىسى بىلەن ئاكىسىنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچىدە قەستەنلىك بىلەن يۈز بەرگەن پاجىئەدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئانىسى، قېرىنداشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. ئارقىدىن شاراپەتمۇ كۆز ياشلىرى بىلەن بۇ قېتىملىق پاجىئە ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.




ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان 11 مىنۇتلۇق سىن گەرچە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق خەلقنىڭ يەنىلا ئۈمىدلىك ھالدا: «كۆز ياشلىرىمىز بىكارغا ئاقمايدۇ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆتىنىسى بولىدۇ» دەپ ياشاۋاتقانلىقىنى، خىتايغا قارشى قولىدىن كەلگەن ئۇسۇللار بىلەن ئۈمىدلىك ھالدا كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

مەزكۇر سىن 2-دېكابىر تارقالغان بولۇپ، سىندا قان راكىغا گىرىپتار بولغان بەش ياشلىق ئۇيغۇر بالىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق قامال قىلىش قىلمىشى سەۋەبلىك ھاياتىدىن

ئايرىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بالىنىڭ ئانىسى يەرلىك دائىرىلەرگە قانچىلىغان قېتىم يالۋۇرۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار قۇلاق سالماي، بالىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا رۇخسەت قىلمىغان ياكى دوختۇرخانا بالىنى قوبۇل قىلمىغان. بالا 8-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن باشلاپ قىزىشقا باشلىغان بولۇپ، قىزىتمىسى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاساسەن 40 گىرادۇستىن چۈشمىگەن. بالا ئاخىرى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى قازا قىلغان. چارىسىز ئانا خىتاي رېجىمىغا بىر ئايدىن ئارتۇق يالۋۇرغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بالا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندا، كېسەل ئاللىبۇرۇن ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولۇپ، بالىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى كېرەكتىن چىققان.

ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلغان ئانىلارغا ۋاكالىتەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇش جىنايىتىنى سىن ئارقىلىق ئاشكارىلىغان.

مەزكۇر ئۇيغۇر ئايال شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئانىلارنىڭ ئاۋازى بولۇپ: «كۆزۈمدىن ياش ئېقىۋاتقىنى بىلەن قەلبىمدىن قان ئېقىۋاتىدۇ. يۈرىكىم ئادالەتسىزلىك ئوتىدا، شۇنداقلا ئىلاجسىزلىق ئوتىدا كۆيۈۋاتىدۇ. بۇ بالامنى سېغىنىش ئوتى ئەمەس، بەلكى ئادالەتسىزلىككە قارشى غەزەپ ۋە ئىلاجسىزلىق ئوتلىرى يۈرىكىمدە كۆيۈۋاتىدۇ» دېگەن. ئانا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى ھەققىدىكى نۇرغۇن ئېچىنىشلىق نەرسىلەرنى سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «نۆۋەتتىكى ئىشلارنى سۆزلەشكە ھېچقايسىمىزنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، لېكىن ھامان بىر كۈنى مۇشۇ كۆز ياشلارنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ. بۇ كۆز ياشلىرىم بىكارغا ئاقمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى بىز نۇرغۇن ئىشلارغا سەۋەب قىلايلى دەپمۇ سەۋەب قىلالمىدۇق. شۇنچىلىك ئىلاجسىز كۈنلەرگە قالدۇق» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە.



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەرەب ئىسلام دۇنياسى خەلق دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەسئۇلى مۇھەممەد ئەمىن ئۆيغۇردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھەيئەت 30-نويابىردىن 2-دېكابىرغىچە ئۈچ كۈن تۈركىيەنىڭ بالىكەسىر ۋىلايىتى بىلەن بۇرسا ۋىلايىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 30-نويابىر ئالدى بىلەن بالىكەسىر ۋىلايىتى ئالتە ئېيلۇل شەھىرىنىڭ رەئىس ۋەكىلى فەييار چىفتچى ئەپەندىنى زىيارەت قىلدى. ھەيئەت ئۈچ كۈن داۋامىدا بالىكەسىر بىگادىچ ئانادولۇ ئىمام خاتىپ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە مەقبۇلە ئېقبى ئانادولۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ۋە بالىكەسىر سىندىرگى ئىلىم تارقىتىش جەمئىيىتىدە «قانىغان يارا - شەرقىي تۈركىستان» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ھەيئەت بالىكەسىر ۋىلايىتى ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، شۇنداقلا ئوت ئاپىتىنى باھانە قىلىپ قىرغىن قىلىش جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى.

ھەيئەت يەنە بالىكەسىر ۋىلايىتى دۇرسۇنبېي ئانادولۇ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ بالىكەسىر شۆبىسىنى زىيارەت قىلغاندىن باشقا، يېڭىدىن رەفاھ پارتىيەسى بالىكەسىر شۆبىسىنى، ئالپەرەن ئوجاكلىرى بالىكەسىر شۆبىسىنى زىيارەت قىلدى.

2-دېكابىر كەچتە بۇرسا ۋىلايىتى قاراجابېي ناھىيەسىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە جەمئىيەت مەسئۇللىرى يىغىلغان سورۇندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى.

ھەيئەت ئۈچ كۈن داۋامىدا زىيارەت قىلغان پارتىيە، تەشكىلات ۋە ئورگانلاردا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ، زورلۇق تۇرمۇش بۇيۇمى يەتكۈزۈپ بەرمەي قىيناپ قىرغىن قىلىش جىنايى قىلمىشلىرى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىشىكلىرىنى كەپشەرلەپ تاقاپ قامال قىلىپ، قەستەن 40 تىن ئارتۇق كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان ئېچىنىشلىق ئوت ئاپىتىدىكى قىرغىن قىلىش ۋەقەسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى. يىغىلىشلاردا يەنە بۇ ئېچىنىشلىق ھادىسە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنىڭ بىر مىسالى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.

شۇنداقلا 2-دېكابىر شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۆدۈن ئانادولۇ ياشلار جەمئىيىتىنىڭ باغچىلار شۆبىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ۋە 24-نويابىر ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن جىنايەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.



# ياپونىيە يۇقىرى پالاتاسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قارار ماقۇللىدى

ياپونىيە يۇقىرى پالاتاسى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە قارار لايىھەسى ماقۇللىدى.

ياپونىيە رادىيو شىركىتى NHK نىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياپونىيە يۇقىرى پالاتاسى 5-دېكابىر ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك ۋەزىيىتىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادە قىلغان.

بۇ قارار بۈگۈن ياپونىيە يۇقىرى پالاتاسى ئومۇمىي يىغىنىدا كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللانغان بولۇپ، قاراردا خەلقئارا جەمئىيەت يېقىندا خىتاينىڭ تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش، سەۋەبسىز تۈرمىگە سولاش قاتارلىق قىلمىشىغا قارشى قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

قاراردا يەنە ياپونىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ھالەتنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە تەھدىت بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ياپونىيە بۇ مەسىلىدە ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنى رازى قىلالىغۇدەك چۈشەنچە بېرىشكە چاقىرىش بىلەن بىرگە، يۇقىرى پالاتا ئەزالىرىنىڭ خىتايغا دىققەت قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

بېلەت تاشلاش نەتىجىسى چىققاندىن كېيىن، ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ھاياشى يوشىماسا ھۆكۈمەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، قاراردا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيە يۇقىرى پالاتاسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى 2-ئايدىكى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن ئىلگىرى تۆۋەن پالاتانىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قارارنى ماقۇللىشىدىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا 12-نويابىر كامبودژانىڭ فىنوم پېندا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى باشلىقلار يىغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىدىن ئېغىر ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.




# ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئۈن چىقار» نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە «پىكىردە بىرلىك ۋە مۇجادىلە مۇنبىرى» ھەمدە تۈركىيەدىكى نۇرغۇنلىغان يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا، 4-دېكابىر ختاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىش پىكىردە بىرلىك ۋە مۇجادىلە مۇنبىرى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، يەسەۋى ئالپەرەنلەر جەمئىيىتى قاتارلىق 60 تىن كۆپ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىششى بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نامايىشقا يەرلىك خەلقتىن باشقا مىڭلىغان ئۇيغۇرلار قاتناشتى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئۈن چىقار» شوئارى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان نامايىشتا ختاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوت پاجىئەسىدە قەستەن ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «ۋىرۇس يۇقۇمىنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرۈلدى.

نامايىشتا ئالدى بىلەن پىكىردە بىرلىك ۋە مۇجادىلە مۇنبىرىنىڭ رەئىسى كۇرشات مىجان ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئەۋەتىپ ختاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ۋە تۈرك خەلقىنىڭ ھەر ۋاقىت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى، تۈركىيە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۈچۈن ختايغا قارشى كۈچلۈك سادا چىقىرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر تەرەپتىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكىنى، جىنايەتنىڭ ھەرگىزمۇ بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان ئۈرۈمچىدىكى ئوت قويۇپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقىنى، بۇ ۋەھشىي جىنايەتلەرگە قارشى ئىسلام دۇنياسى، بولۇپمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى شۇنداقلا تۈركىيەدىكى بارلىق پارتىيەلەر يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ھەرىكەت

قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى بىر ھەيئەت تەشكىللەپ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىشكە چاقىردى.

ئارقىدىن «ئانادولۇ جەڭچىلىرى» تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن ھارۇن شىمشەك ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە تۈركىيە خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان قىرغىنچىلىققا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ مەسىلىدە خىتايغا قارشى ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

نامايىشتا ئۈرۈمچىدىكى پاجىئەدە پۈتۈن ئائىلىسى شېھىت بولغان مۇھەممەد سۆز قىلدى ۋە دۇنياغا خىتاب قىلىپ، خىتاي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە نۆۋەتتە ئىز-دېرىكى بولمىغان دادىسى ۋە ئاكىسى ھەققىدە سوئال قويدى.

ئارقىدىن يېڭىدىن رەفاھ پارتىيەسىدىن سالى ئەمىر يىنەربەي، خەلقئارا كۆچمەنلەر ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە ياردەملىشىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يوجەل ئۆزتۈرك، ھۆر داۋا پارتىيەسى ئىستانبۇل شۆبە رەئىسى ئىفتاھ گۆۋەنچەكبەي، شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسى رەئىسى مەھمۇت داموللام قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى ۋە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى پەرقلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

بىرلەشمە نامايىش شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۇستاز ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى، خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالار بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇ كۈنى كەچتە يەنە ئانادولۇ ياشلار جەمئىيىتى ئىستانبۇل شۆبىسى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش تەشكىللىگەن بولۇپ، «قاتىل خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمىغا توختا دېگىن» شوئارى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا كۆپ ساندا تۈرك ۋە ئۇيغۇر ياشلىرى قاتناشتى.

نامايىشتا ئانادولۇ ياشلار جەمئىيىتى ئىستانبۇل شۆبىسى رەئىسى مەھمەت يارئوغلى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ بارلىق جىنايەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىشنىڭ ۋە ھەربىر سۇپىدا بۇ مەسىلىنى ئىپادىلەشنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالدى.

ئۇندىن باشقا 4-دېكابىر ئەتىگەن ئىستانبۇل فاتىھ جامەسىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى يىغىلىش ۋە دۇئا پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتنى شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى، ئى ھا ھا ياشلار شۆبىسى ۋە ئىسلام دۇنياسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىدى.

قاتناشقۇچىلار بامدات نامىزىدىن كېيىن جامە قورۇسىغا يىغىلىپ ئالدى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بۇيان ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنىڭ توختاۋسىز داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، جازا لاگېرى سىياسىتى تۈگىمەستىن نەچچە ئايدىن بۇيان ئاتالمىش «نۆل يۇقۇم» نامىدا خەلقنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۈرۈمچىدىكى قەستەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە قاتتىق قامال ۋە ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش سىياسىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بامدات نامىزىغا يىغىلغان ياشلار ۋە مەسجىت جامائىتى خىتاينىڭ بۇ ۋەھشىي جىنايەتلىرىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن دۇئالار قىلىندى.



# شى جىنپىڭنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتى دىققەت قوزغىدى

شى جىنپىڭ 7-دېكابىر ئۈچ كۈنلۈك سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتىنى باشلىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ خىتاي-سەئۇدى ئەرەبىستان، خىتاي-پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى، خىتاي-ئەرەب دۆلەتلىرى قاتارلىق ئۈچ چوڭ رەھبەرلەر يىغىنىغا قاتنىشىدىكەن. شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىدىكى ئاساسلىق مەقسەتتىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ پارس قولتۇقى رايونىدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شى جىنپىڭ 7-دېكابىر سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادقا يېتىپ كېلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتتىكى ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتىنى باشلىغان. شۇ كۈنى شى جىنپىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن ئىككى تەرەپلىك ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇچرىشىشقا سەئۇدى ئەرەبىستان تەخت ۋارىسى شاھزادە مۇھەممەد بىن سالمان قاتناشقان.

پادىشاھ سالمان بىلەن شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خىتاي-ئەرەب باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولۇپ، يىغىنغا پارس قولتۇقى رايونىدىكى 14 ئەرەب دۆلەت باشلىقلىرى قاتنىشىدىكەن. مەزكۇر يىغىندا ئاساسەن خىتاي بىلەن ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن.

20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، خىتاي سەئۇدى ئەرەبىستانغا سالغان مەبلىغىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتكەن. خىتاي سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئاساسلىق نېفىت سېتىۋالغۇچىسى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستان نېفىتىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. ئۇندىن باشقا خىتاي سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولۇپ، نۆۋەتتە خىتاينىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بىۋاستە سالغان مەبلىغى 106 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. بۇ قېتىم ئىككى تەرەپ ئون نەچچە خىل كېلىشىم ئىمزالاشنى

پىلانلىغان بولۇپ، بۇ كېلىشىم 29 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان ئىقتىساد ۋە سودا كېلىشىمى، مەبلەغ سېلىش ئەسلەتمىسى ۋە بىخەتەرلىك ۋە ئېنېرگىيەگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەر ئىكەن. ئۇنىدىن باشقا بۇ قېتىم خىتاي بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كېڭەيتمەكچى بولغان سودا ساھەسى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ماشىنا ياساش، ساياھەت ۋە قورال-ياراغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

نۆۋەتتە سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پارس قولتۇقىدىكى باشقا دۆلەتلەر شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، خىتاي ۋە رۇسىيە بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە سودا ئالماشتۇرۇشنى كۇچەيتمەكچى بولغان. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن G5 تېخنىكىسى قاتارلىق سەزگۈر ساھەلەردە ھەمكارلىششنى پىلانلىغان.

ئۆتكەن 20 يىل جەريانىدا خىتاي بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى چوڭقۇرلاشقان بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە خىتاينى قوغداپ كەلگەن. ئۇنىدىن باشقا خىتاي سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ يەمەنگە تاجاۋۇز قىلىشى، قاتار بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە ژۇرنالىست جامال قاشىقچىنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى مەسىلىسىدە سەئۇدى تەرەپتە تۇرۇپ، ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرمىگەن.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان شى

جىنپىڭنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتى ھەققىدە ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىگە جىددىي چاقىرىق ئېلان قىلدى.

چاقىرىقتا خىتاي كوممۇنىست رېجىمى كاتتىبېشى شى جىنپىڭنىڭ 7-دېكابىر باشلانغان ئىككى كۈنلۈك سەئۇدى ئەرەبىستان رەسمىي زىيارىتى ۋە بۇ زىيارەت جەريانىدا «خىتاي-سەئۇدى ئەرەبىستان، خىتاي-پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى ۋە خىتاي-ئەرەب دۆلەتلىرى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ يىغىن تەشكىللەيدىغانلىقى، ھالبۇكى شى جىنپىڭ رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرى قۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرئان كەرىم كۆيدۈرگەنلىكى، 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنى چېقىۋەتكەنلىكى، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى دۆلەتلەر ۋە ئورگانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتكە قارىتا بىر قاتار تەدبىر ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقى ۋە خىتايغا ھەرخىل جازا ۋە ئېمبارگولارنى يۈرگۈزگەنلىكى بىلدۈرۈلدى، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ سەزگۈر بولۇشى كېرەك بولغان بۇ مەسىلىدە سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقانلىقى تەكىتلەندى.

چاقىرىقتا يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى بىلەن دۇنيا قاراش، ئەقىدە ۋە تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بارلىقى، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكى، ئەرەب ئەللىرىنىڭ خىتاينى ھەقىقىي چۈشەنمەيدىغانلىقى، خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ھەر قايسى ئەرەب دۆلەتلىرىدە ھەرخىل ناملار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ۋاستە ئىكەنلىكى، بۇ سەۋەبلىك سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتلىرىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ۋە ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىغا سەل قارىماسلىقى كېرەكلىكى، بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەققانىيەت ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇپ، دۇنيا مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىنغان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

چاقىرىق ئاخىرىدا بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ھەققىدە ئويلىنىشقا چاقىرىلغان بولۇپ، مەزكۇر ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە كاپىرغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننى ئازابتىن خالاس قىلسا، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى ئازابتىن خالاس قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ سەۋەنلىكىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ خاتالىقىنى ياپىدۇ».




خىتاي ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» نامىدا ئىجرا قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشىكلەرنى تاقاپ خەلقنى ئاچلىق ۋە ئۆلۈمگە ئىتتىرىش جىنايەتلىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئۈرۈمچىدىكى ئوت پاجىئەسىدە 44 كىشى ئېچىنىشلىق ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. خىتاينىڭ قاتتىق قامال قىلىشىغا چىدىمىغان خەلق 24-نويابىر كەچتە خىتايغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى نارازىلىق ھەرىكىتى خىتاي ئۆلكىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، چەت ئەلگىچە كېڭىيىپ، خىتاي رېجىمىنى ساراسىمىگە سالدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشىغا دۇچ كەلگەن خىتاي رېجىمى خىتاي ئۆلكىلىرىدە قامالنى تەدرىجىي بوشىتىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستاندىكى قامالنى بوشاتمىغانلىقى ئايدىڭلاشماقتا.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 6-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمى بېيجىڭدىن-گۇيجۇغىچە، شاڭخەيدىن-لوياڭغىچە، ئاتالمىش «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش تەدبىرلىرى»نى داۋاملىق بوشاتقان. ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرگەندە ۋە چىققاندا سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. توسۇقلاردىن ئۆتكەندە يادرو كىسلاتاسى تەكشۈرۈش ئىسپاتى كۆرسىتىش قائىدىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 6-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتايدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاھالىلەرنىڭ تاللا بازىرى، سودا سارىيى ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرگەندە سالامەتلىك تەكشۈرتۈش گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈش ئادىتىنى بىكار قىلغانلىقىنى، مەھەللە (يېزا) زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سالامەتلىك تەكشۈرتۈش كىنىشكىسى تەلەپ قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

5-دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى

شەھەرلىك ئاخبارات ئىشخانىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا خەۋپ-خەتىرى يۇقىرى رايوندىكى شەھەر ئاھالىسى ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق يىپىق ھالقىلىق مەشغۇلات قىلىدىغان خەتىرى يۇقىرى ئىش ئورنىدىكى كەسپدارلار يەنىلا تەلەپ بويىچە سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدىغانلىقىنى، ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىتا يادرو كىسلاتاسى تەكشۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تېخىچە قامالنى بوشاتمىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان ۋە ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش ئورۇنلىرى»غا قاماش ئىزچىل تۈردە داۋام قىلغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان كەمسىتىش، ئاتالمىش «تېررور» تۆھمىتى، شۇنداقلا ئاتالمىش «ئەسەبىي كۈچلەرنى تازىلاش» نامىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىم قامالنى بوشىتىش مەسىلىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئاتالمىش «ئالاھىدە رايون» دېگەن نامنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قامالنى بوشاتمىغانلىقىنى، ئەمما تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا بولسا «ھەممە مىللەت باراۋەر» دېگەن سەپسەتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسىدا ئىجرا قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشكىلەرنى تاقاپ خەلقنى ئاچلىق ۋە ئۆلۈمگە ئىتتىرىش جىنايەتلىرى سەۋەبلىك 24-نويابىر ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئوت پاجىئەسىدە 44 كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى ۋە نۇرغۇن كىشىنىڭ يارىلىنىشى بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلدى ۋە

ھەرقايسى دۆلەتلەردە خىلمۇخىل پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى ۋە داۋام قىلماقتا.

9-دېكابىر خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى تەرىپىدىن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئاۋازىڭنى چىقار» شوئارى بىلەن پۈتۈن تۈركىيەدىكى 77 ۋىلايەتنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىتلىرىدە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن دۇئا قىلىندى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ۋەھشىي سىياسەتلىرى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى.

ئىستانبۇل تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ ۋىلايەتلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەقەت بىرلا يەردە ئەمەس، بەلكى فاتىھ جامەسى ۋە ئىستانبۇلنىڭ ھەرقايسى





رايونلىرىدىكى چوڭ مەسچىتلەردىمۇ ئوخشاشلا دۇئا ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

پايتەخت ئەنقەرەدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت ھاجى بايرام ۋەلى جامەسىدە جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن دۇئا ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشىدا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە شېھىتلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا تاجاۋۇزچى خىتاي رېجىمىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن دۇئالار قىلىندى.

ئارقىدىن IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىم سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى جىنايەتلىرىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئالدى ۋە تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلەرگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئەيىبلەپ بىلەن بىرگە، قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ھەرىكەتلەر ھەققىدە توختالدى.

ئۇ سۆزىدە يەنە ھەرقايسى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىپ: «ئۆزۈڭلارنىڭ يىلتىزى بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئە ئۈچۈن نېمە ئۈچۈن دەس تۇرمايسىلەر؟ ئۇيغۇرلار سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ تارىخىڭلارمۇ ئۇيغۇرلارسىز يېزىلالمايدىغان قېرىندىشىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟» دەپ خىتاب قىلدى.

ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى جىنايەتلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ۋەزىيەتنىڭ تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى، تۈركىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى

تەكىتلىدى.

ئىستانبۇلدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى فاتىھ جامەسى ھويلىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن خەلق، مۇخبىرلار ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. پائالىيەت ئالدى بىلەن IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى باش كاتىپى دۇرمۇش ئايدىننىڭ ئاخباراتچىلارغا بايانات ئېلان قىلىشى بىلەن باشلاندى.

ئۇ سۆزىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى سىياسەتلىرىدىن باشلاپ، ھازىرقى يۇقۇم قامالىغىچە بولغان بارلىق جىنايەتلىرىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقىنىڭمۇ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى ۋە IHH ئىنسانىي ياردەم تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بارىدىغان مۇستەقىل تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالدى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىنى خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكىنى توختاتقۇدەك دەرىجىدە كەسكىن قەدەم ئېلىشقا چاقىردى. ئۇ يەنە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىمۇ مەسئۇلىيىتىنى تونۇشقا چاقىرىپ، نۆۋەتتىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ سۈكۈتىنىڭ خىتاينى تېخىمۇ جاسارەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئەركىنلىك جەمئىيىتى ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى ھەمزە تۈركمەن سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەققانىي دەۋاسىغا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىگە چىقىشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختالدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن سۆز قىلىپ، پۈتۈن تۈرك مىللىتىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلەر ئىچىدە ئىكەنلىكى، ئۇرۇمچىدىكى ئېچىنىشلىق ئوت پاجىئەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار ھەققىدە توختىلىپ، تۈركىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىدىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كۈتىدىغىنىنىڭ پەقەت نارازىلىق باياناتلىرىلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن IHH ياشلار گۇرۇپپىسى رەئىسى مۇھەممەد چىمەن باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە بارلىق شېھىتلەر ئۈچۈن، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ئېشىشى، شۇنداقلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن دۇئالار قىلىندى.

پائالىيەت ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قانال بولغان ئەلجەزىرە قانىلى تەرىپىدىنمۇ نەق مەيداندىن تارقىتىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئىسلام دۇنياسىغا ئەرەبچە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشقا چاقىردى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرىدىن ناھەق قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ھەمدۇللاھ ۋەلى، نۇرمۇھەممەد روزى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى، ماراكەش دائىرىلىرىدىن ئىدرىس ھەسەننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.



# نورۋېگىيەدە باشلانغان «كۆك مۇستەقىللىق» ھەرىكىتى كېڭەيمەكتە

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇۋاتقان قاتتىق قامال، ئاچ قويۇش، خورلاش جىنايەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە 24-نويابىر ئوت پاجىئەسى يۈز بېرىپ، 44 ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار يارىلانغانىدى. نەتىجىدە ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، ئارقىدىن خىتاي ئۆلكىلىرى ۋە چەت ئەللەردە خىتاينىڭ ئاق قەغەز كۆتۈرۈپ، يۇقۇم قامالىنى بوشىتىشتىن باشلاپ، شى جىنپىڭنى ئىستېپاغا چاقىرىشقىچە بولغان ھەرىكەت كېڭەيگەنىدى. چەت ئەللەردىكى قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خىتايلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارىغۇلارچە قوشۇلۇپ كېتىشىگە قارشى دەرھال ھەرىكەتكە كەلگەن نورۋېگىيە ئۇيغۇر ياشلار ئىتتىپاقى خىتايلارنىڭ ئاق قەغەز ھەرىكىتىنىڭ ئورنىغا «كۆك مۇستەقىللىق» نامىدا ھەشتەگ بىلەن ھەرىكەت باشلىدى.

بۇ ھەرىكەتتە كۆك رەڭلىك قەغەزنىڭ شەرقىي تۈركىستان بايرىقىغا، مۇستەقىللىققە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق زۇلۇم، خورلۇقتىن قۇتۇلۇشتىكى بىردىنبىر يولىنىڭ پەقەتلا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكى، باشقا ھەرقانداق چارىنىڭ ۋاقىتلىق ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى تەكىتلەندى ۋە شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى كۆك قەغەز ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا چاقىرىلدى.

نۆۋەتتە ياشلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا قىسقا فىلىم ۋە كۆك قەغەز ھەرىكىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، شۇ دۆلەتلەردىكى يەرلىك خەلقمۇ بۇ ھەرىكەتنى قوللىماقتا.

«كۆك مۇستەقىللىق» ھەرىكىتى نۆۋەتتە نورۋېگىيەدىن باشقا تۈركىيە، شىۋېتسىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، نورۋېگىيە ئۇيغۇر ياشلار ئىتتىپاقى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ بېرىشكە چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




10-دېكابىر دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇل فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ھەق-ھوقۇقىنى ئىزدەش» تېمىسىدا سۆھبەت ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، ئى ھا ھا ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىمدىن باشقا، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى، خەلقئارا پاناھلانغۇچىلار ھەقلىرى جەمئىيىتى، IHH ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرى، ئاكادېمىكلار، شۇنداقلا يەرلىك خەلق ۋە ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ كۆپلىگەن كىشىلەر قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئى ھا ھا ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىم، خەلقئارا پاناھلانغۇچىلار ھەقلىرى جەمئىيىتى رەئىسى ئادۋوكات ئابدۇللاھ رەسۇل دەمىر، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن قاتارلىقلار ئايرىم ئايرىم ھالدا بايانات ئېلان قىلدى.

ئارقىدىن سۆھبەت يىغىنى باشلىنىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش، خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى خەلقئارا قانۇن دائىرىسىدە بىر تەرەپ قىلىش، تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ھەل قىلىش چارىسى تېپىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئايرىم-ئايرىم تېما تەرىقىسىدە قويۇلدى.



# كابۇلدا خىتاي مېھمانخانىسى قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىدى

ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلدىكى بىر خىتاي مېھمانخانىسى قورالىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ، ھۇجۇمدا ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ، 21 ئادەم يارىلانغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 12-دېكابىر كابۇلدا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان خىتاي مېھمانخانىسى نامەلۇم قوراللىق كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ۋەقەدە ئۈچ ھۇجۇمچى ئافغانىستان بىخەتەرلىك قىسىملىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

يەرشارى ۋاقىت گېزىتى مۇخبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان مېھمانخانا خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى گۇيىيۇەن مېھمانخانىسى ئىكەن. ۋەقەدە 21 ئادەم يارىلانغان بولۇپ، ئىككىسى چەت ئەللىك ئىكەن.

ئەمما رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 21 ئادەم ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ، 18 ى يارىلانغان. ئۈچى دوختۇرخانىغا يۆتكەش داۋامىدا ئۆلگەن.

ئافغانىستان ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ھۇجۇم شۇ يەر ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30 ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر پارتلاش ۋە قورال ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقان. مېھمانخانا بىناسىدىن ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەرمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 13-دېكابىر دائىشنىڭ خۇراسان ئۆلكىسى تارمىقى كابۇلدىكى مېھمانسارايغا قىلىنغان ھۇجۇمغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى خىتاي پۇقرالىرى يىغىلغان بىر مېھمانخانىغا قىلىنغان مەزكۇر ھۇجۇمنى خىتاي بىلەن باغلىنىشى بولمىغان ۋەقە قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتىكەن.

تالىبان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى باياناتچىسى زەبىھۇللاھ مۇجاھىد ئىجتىمائىي ئالاقە توربىدا ھەمبەھىرلىگەن ئۇچۇرىدا، كابۇلنىڭ نىۋ رايونىدىكى خىتاي مېھمانخانىسىدىن چەت ئەللىكلەرنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىنى، ئىككى چەت ئەل پۇقراسىنىڭ مېھمانخانا

دېرىزىسىدىن سەكرەپ قېچىش جەريانىدا يارىلانغانلىقىنى ئېيتقان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 13-دېكابىردىكى خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خىتاي تەرەپنىڭ بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ بۇ قېتىملىق قوراللىق ھۇجۇمدا بەش خىتاي پۇقراسىنىڭ يارىلانغانلىقىنى، بىر نەچچە ئافغانىستان ساقچىسىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئافغانىستاندا خىتاي پۇقرالىرىغا يوليورۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئافغانىستاندىن بالدۇرراق ئايرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.




خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆيلىرىگە نەزەربەند قىلىش، مەخسۇس تەييارلانغان ئاتالمىش «ئايرىپ قاماش ئورۇنلىرى»غا مەجبۇريي قاماپ قىيناش قىلمىشلىرى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلانغان بۈگۈنكى كۈنلەردە خىتاي رېجىمى ئاچ قويغاننى ئاز دەپ، ھېچقانداق ئىسسىنىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان زاللارغا سولاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سوغۇقتا قىينىماقتا.

15-دېكابىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقالغان بىر نەچچە سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەلۇم بىر ۋىلايىتىدە زور تۈركۈمدىكى خەلقنى شارائىتى ئىنتايىن ناچار چوڭ زالغا ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك دېمەستىن قامىغان. كىشىلەر مەزكۇر ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش مەركىزى»گە يۇك-تاقلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. يەنە بىر سىندا رەھىمسىزلىك بىلەن قامالغان يۈزلىگەن كىشىنىڭ قاتتىق سوغۇقتىن قوشلاپ يوتقان يېپىنىۋالغانلىقى، زالنىڭ تازىلىق شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ناچار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى گەرچە

خەلقئارانىڭ بېسىمى سەۋەبلىك خىتايدىكى قامالنى بوشاتقان بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق قامالنى ھازىرغىچە بوشاتمىغان. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئىجرا قىلىنىۋاتقان قاماپ ئاچ قويۇپ باستۇرۇش، ھېچقانداق ئىسسىنىش ئەسلىھەسى بولمىغان مەينەت زاللارغا مەجبۇرىي سولاش قىلمىشى كۆنسېرى چېكىدىن ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاتالمىش «ئايرىپ كۆزىتىش مەركىزى» نامىدىكى لاگېر قۇرۇلۇشلىرىنى سېلىشنى توختاتمىغان.




ياپونىيە يېڭى بىخەتەرلىك قانۇنى ماقۇللىغان بولۇپ، مەزكۇر قانۇندا خىتاينى «ئەڭ چوڭ خىرىس» دەپ ئاتىغان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى 16-دېكابىر كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن تاشقى ئىشلار ۋە بىخەتەرلىك سىياسىتى كۆرسەتمىسى ھېسابلىنىدىغان «دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيەسى» قاتارلىق ئۈچ بىخەتەرلىك ھۆججىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تاماملىغان.

مەزكۇر بىخەتەرلىك ھۆججىتىدە ياپونىيەنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىش ئىقتىدارى (دۈشمەن بازىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارى) ۋە يىراق مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكى يېزىلغان. مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 2023-يىلىدىن باشلاپ بەش يىلغىچە بولغان مۇداپىئە چىقىمى 43 تىرىليون يېنغا يەتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ھۆججەتتە خىتاينىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى كەلگۈسىدىكى «ئەڭ چوڭ خىرىس» دەپ كۆرسىتىلگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بىخەتەرلىك ھۆججىتىنىڭ تۈزىتىلىشى تەنقىدكە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ياپونىيەدە ئۇرۇشتىن كېيىن ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن «مەخسۇس مۇداپىئە» ئۇقۇمىنىڭ پەقەتلا نامدا قالغانلىقى ئەيىبلەنگەن. ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىئو كىشىدا كابىنېت يىغىنىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، مۇداپىئە ئىقتىدارىنى

كۈچەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مالىيە خام چوتى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن.

تۈزىتىلگەن ھۆججەتتە دېيىلىشچە، شىمالى كورىيە ۋە خىتاينىڭ يۇقىرى ئىقتىدارلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى نەزەردە تۇتقاندا، نۆۋەتتە ياپونىيەدە بار بولغان باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنىڭ خىتاينىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقى، بۇ سەۋەبلىك ياپونىيەنىڭ دۈشمەن تەرەپ چېگراسى ئىچىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىنى ۋەيران قىلالايدىغان قايتۇرما زەربە بېرىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

كيودو ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارى مەسىلىسى ھەققىدە، ھۆججەتتە ياپونىيەنىڭ قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا چوقۇم زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن تەدبىر سۈپىتىدە «كۈچ ئىشلىتىشنىڭ ئۈچ چوڭ شەرتى»نى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ تۆۋەن تەدبىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشتا ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىش تەكىتلەنگەن. ھۆججەتتە يەنە تور ھۇجۇمى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن «ئاكتىپ تور مۇداپىئەسى» پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقى ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنىڭ ئېكسپورتىنى كېڭەيتىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.




ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئەدلىيە نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە نازىرى، قورچاق ئەمەلدار ئەنۋەر سېيىت «ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش» باھانىسى بىلەن تەكشۈرۈلگەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 18-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئەدلىيە نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، نازىر ئەنۋەر سېيىت «ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن تەكشۈرۈلگەن.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىدە ئەنۋەر سېيىتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن

ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ. نۆۋەتتە ئۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلمەكتىكەن.

ئەنۋەر سىيىت 1964-يىلى 12-ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ توقسۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1984-يىلى 9-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ توقسۇ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئاۋات ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە ناھىيەلىك سوتنىڭ سوتچىسى بولغان. ئۇ يەنە ئاقسۇ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى ۋە شەھەر باشلىقى، ئاقسۇ رايونلۇق مەمۇرىي ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 2018-يىلىدىن باشلاپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى شۇنداقلا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان.




18-دېكابىر خەلقئارا كۆچمەنلەر كۈنىدە تۈركىيەدىكى بىر قانچە مىنىستىرلىقنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر ئۇچرىشىشقا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەتتە سۆز قىلغان تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ: «بىز ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا داۋاملىق قۇچاق ئاچىمىز» دېدى.

ئۇ سۆزىدە: «بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن ئانادولۇغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا قۇچاق ئېچىۋاتىمىز. بۇندىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا داۋاملىق قۇچاق ئاچىمىز» دېدى.

بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ھەيئەت ئەزالىرى

يەنە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، كۆچمەنلەر ئىدارىسى رەئىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورگان مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، گىراژدانلىق مەسىلىسىگە ئالاقىدار بارلىق قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتىدا گىراژدانلىققا ئىلتىماس قىلىش جەريانىدا ئۇچراۋاتقان بارلىق قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل قىلىنىدىغانلىقى، تۈركىيەدە ئۇزۇن مۇددەتلىك، قىسقا مۇددەتلىك، ئىنسانىي ۋە باشقا تۈردىكى ئىقامەتتە تۇرۇۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ گىراژدانلىققا ئىلتىماس قىلالايدىغانلىقى، قىسقا مۇددەتتە بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ گىراژدانلىق ئىلتىماسىنىڭ تاماملىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى ۋە شۇنداقلا سۆھبەتتە مەسئۇللار تەرىپىدىن يېقىن مەزگىلدە نۇرغۇن شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ گىراژدانلىققا ئېرىشكەنلىكى ۋە ئائىلىسى شەھىرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىلتىماس قىلىش چاقىرىقى ئەۋەتىلگەن تەقدىردىمۇ ئىلتىماس قىلمىغانلىقى قەيت قىلىندى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى باياناتىدا يەنە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ گىراژدانلىققا ئېرىشىشى ۋە ھاياتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، بولۇپمۇ ئائىلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى چاقىرىق ئۈچۈرى كەلگەن ھامان ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇپ ئىلتىماس قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىرما ھەربىي ھۆكۈمىتىنى پۇقرالارغا قارىتىلغان زوراۋانلىقنى توختىتىش ھەققىدە كەم ئۇچرايدىغان قارار ماقۇللاپ، ھەربىي ھۆكۈمەتنى پۇقرالارغا قارىتىلغان زوراۋانلىقنى توختىتىشقا چاقىرغان. ئەمما خىتاي بىلەن رۇسىيە بۇ قارارغا ئىمزىچىل قارشى تۇرغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بىلىنكېن 21-دېكابىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە بىرما ھەربىي ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان مەزكۇر قارارنىڭ ماقۇللانغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە مەزكۇر قارارنىڭ بىرما كرىزىسىنى ھەل قىلىش ۋە ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارغا قارىتىلغان باستۇرۇش ۋە زوراۋانلىق قىلمىشىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تاشلانغان مۇھىم بىر قەدەم ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ قارار خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا 15 دۆلەت ئىچىدە 12 ئەزانىڭ قوللاپ بېلەت تاشلىشى نەتىجىسىدە ماقۇللانغان بولۇپ، بۇ قارارغا ئالاقىدار تەكلىپنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى سۇنغان. بۇ قارار بىرما مۇسۇلمانلىرىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئاۋازغا قويۇشتا خىتاي، رۇسىيە ۋە ھىندىستان ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە رەت قىلىش ھوقۇقى بار خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ توسقۇنلۇقى سەۋەبلىك، خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىرمىدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى جازا قارارىنى ماقۇللىيالمىغان.

مەزكۇر قارارغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى سېنتەبىر ئېيىدا باشلانغان بولۇپ، ئەسلى لايىھەدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بىرمىغا قورال ئەۋەتىشنى توختىتىشقا چاقىرىش، ھەربىي ھۆكۈمەتكە جازا يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى بولغان بولسىمۇ، بىراق خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ نارازىلىقى سەۋەبلىك قىسمەن مەزمۇنلار چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ قېتىم چىقىرىلغان قارار مەسىلىسىدە خىتاي بىلەن رۇسىيە بىتەرەپ تۇرۇۋالغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىرمانىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى توم ئاندرېۋس بۇ يىل 22-فېۋرال تەپسىلىي دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ بىرما ئارمىيەسىگە 2018-يىلدىن باشلاپ سېتىپ بەرگەن قوراللىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىققان بولۇپ، خىتاي بىلەن رۇسىيە ساتقان قوراللار پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.



شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى يولىدا ئىسسىق قان ۋە جانلىرىنى پىدا قىلغان قەھرىمان شېھىتلەرنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن, 23-دېكابىر ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان «شېھىتلەر كېچىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلدى. پائالىيەت ئىبراھىم قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشلىرى ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى شېھىتلەر ھەققىدە تەييارلىغان قىسقا فىلىم قويۇلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، شېھىتلەر كېچىسى ئۆتكۈزۈشتىكى ئاساسلىق مەقسەتنىڭ شېھىتلەرنىڭ پىداكارلىق روھىدىن ئۆگىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە يەنە مەرھۇم ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ۋە باشقا شېھىتلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە چەت ئەلدە قىلغان پىداكارلىقلىرى ۋە خىزمەتلىرىنى ئۈلگە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

كېيىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن جىھاد ئېڭى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويغان «رىجال» كەلىمىسىنى چۈشەندۈردى ھەمدە مەزكۇر شېھىتلەرنىڭ روھىدىن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە ئەھمەد يەسەۋى ۋەقفى رەئىسى ئىلياس ساكا، خەلقئارا تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان كاۋۇنجۇ، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىدىن دوكتور شەۋكەت ناسىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد قاتارلىقلارمۇ ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

پائالىيەت ئارىسىدا يەنە پېشقەدەم مۇيسىپىتلاردىن ئابدۇشۈكۈر ھاجىم شېھىتلەر كۈيلەنگەن شېئىر ۋە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، سورۇن ئەھلىنى ھاياجانلاندۇردى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، شېھىتلەرنى خاتىرىلەش ۋە ئۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈردى ۋە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم خاتا قاراشلارغا رەددىيە بەردى.

كېيىن شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان سۆز قىلىپ، دادىسى ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئىش-ئىزلىرى ھەققىدە قىسقا ئەمما تەسىرلىك ۋەقەلىكلەرنى، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئەڭ تەسىر قىلغان ئەڭ يارقىن نۇقتىلارنى ئەسلەپ ئۆتتى.

يېڭى نەسل ھەرىكىتىدىن ئىبراھىم سىدىق «چۈنكى ئۇ شېھىت» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان سۆز قىلىپ، مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەپدىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھايات ۋاقتىدا بىۋاستە شاھىت بولغان ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئارقىدىن كونيا سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى ئابدۇرېھىم

دۆلەت سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇلئەھەد مەخسۇمھاجىمنىڭ نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىنچىلىقتا قارىماستىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان ئۆلگىلىك ھاياتىنى تونۇشتۇردى.

كېيىن ئۇسمۇرلەردىن مۇكەررەم ۋە رەشىدە شېھىتلەرگە ئاتاپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى.

ئارقىدىن ئۇستاز ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئالىمى مەرھۇم ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي مائارىپقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تونۇشتۇردى.

شۇۋېتسىيەدىكى تەكلىماكان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئۆمەر مەخسۇم سۆز قىلىپ، شېھىتلەرنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ ھىجرەت قىلىش جەريانىنىمۇ قاتناشقۇچىلارغا سۆزلەپ بەردى.

ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنغان دۇئالار بىلەن پائالىيەت ئاخىرلاشتى.




خىتايدا شىددەت بىلەن يامراۋاتقان خىتاي ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشى تېزلەشكەن بولۇپ، شاڭخەيگە يېقىن سانائەت شەھىرى بولغان جېجياڭدا كۈندىلىك يېڭى يۇقۇملانغۇچىلار بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

ھۆرىيەت گېزىتىنىڭ 26-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، يەرلىك ئەمەلدارلار بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بۇ ساننىڭ بىر قاتلىنىشىنى مۆلچەرلىگەن بولۇپ، ئالدىنقى كۈنلەردە شىمالدىكى 9 مىليون نوپۇسلۇق چىڭداۋدا بىر كۈندە 530 مىڭ كىشىنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ئېنىقلانغان. يۇقۇمنىڭ شىددەت بىلەن كۈچىيىشىگە قارىماي، خىتاي رېجىمىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا يېقىنقى بەش كۈندە ۋىرۇس سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر ئېلان قىلىنمىغان ۋە كۈندىلىك يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانىنى ئەمدى ئورتاقلاشمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. خىتاي سەھىيە كومىتېتى

سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تەپسىلاتلارنى ئورتاقلاشمىغان.

ئۆتكەن بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدىكى ئۈرۈمچىدىكى ئوت پاجىئەسىدىن كېيىن چىققان كەڭ كۆلەملىك نامايىشلاردىن كېيىن خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى قاتتىق چەكلىمىلەر بوشىتىلغان بولسىمۇ، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى قامالنى بوشاتمىغاندى.

نۆۋەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ يۇقۇم بىلەن كۈرەش قىلىشتا مەغلۇپ بولغان ھالەتتە كۆرۈنۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۈندىلىك يۇقۇملىنىش سانىنى ئېلان قىلماسلىقنى قارار قىلغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

خىتاي نۆۋەتتە دۇنيادىكى خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇمى ئەڭ ئېغىر جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي رېجىمى رەسمىي سانلىق مەلۇماتلاردا يۇقۇم ئەھۋالىنىڭ سانىنى ئاز ئېلان قىلدى، دەپ تەنقىدلىنىۋاتقان بىر پەيتتە ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاينىڭ يالغانچىلىقىنى ئىسپاتلاپ قويغان. مەزكۇر ئاشكارىلانغان رەسمىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، 12-ئاينىڭ ئالدىنقى 20 كۈنىدە خىتايدا 250 مىليونغا يېقىن يۇقۇملانغۇچى خاتىرىلەنگەن.

بىلومبېرگ ۋە پۇل-مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 12-ئاينىڭ ئالدىنقى 20 كۈنىدە خىتايدا تەخمىنەن 250 مىليون يۇقۇملانغۇچى بايقالغان. بۇ قورقۇنچلۇق سان پەقەت ئۆتكەن بىر ھەپتە ئىچىدە كۈندىلىك يۇقۇملانغۇچى سانىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 37 مىليونغا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ سانلىق مەلۇماتلار خىتاي سەھىيە كومىتېتىنىڭ بىر يىغىنىدا ئاشكارىلانغان. ئەمما خىتاي رېجىمى رەسمىي ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا، 20 كۈندە پەقەت 60 مىڭ ئەتراپىدا يۇقۇملانغۇچى بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئەمما خىتاينىڭ رەسمىي سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن خىتايدىن كېلىۋاتقان يېڭى سۈرەتلەر، نەق مەيداندىن بېرىلگەن خەۋەرلەر بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ رېئاللىققا زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىلگىرى ئۆيلەرگە قاماپ قاتتىق قامال قىلغان خىتاي رېجىمى نۆۋەتتە كىشىلەرنى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان بولسىمۇ، ئەھۋالى ئېغىر بولمىسا، خىزمەتكە چىقىشقا رۇخسەت قىلماقتا.



تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلى 29-دېكابىر ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋە بارلىق ئاخبارات، مېدىيا خادىملىرى قاتناشقان يىللىق خۇلاسە دوكلاتى يىغىنىدا تاشقى سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە توختالدى.

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، چاۋۇشئوغلى يىغىندا خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاستىلاش بارلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبچىسىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشىنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. خىتاي توختىماي تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ۋە بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز بولغان كىشىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بەرمەيمىز. بەزىدە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۇيغۇر تۈركلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ، دېگەندەك خەۋەرلەر چىقىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي يالغان» دېگەن.

چاۋۇشئوغلى بۇ مەسىلىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سۈيىئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ: «بىزنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى خەلقئارا سەھنىلەردىمۇ قوغدىشىمىز خىتاينى بىئارام قىلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتىكى دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ خىتايدىكى ۋاقتىدىكى باياناتىدىن ھەممەيلەن ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. ئەمما دوكلات ئالدىمىزدا. ئۇ خىتاينىڭ بارلىق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرماقتا. بىز بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن.

چاۋۇشئوغلى يەنە تۈركىيەنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسىدىكى بىرلەشمە خىتابنامىلەرگە قاتناشقانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «باش ئەلچىمىز تېخى شەرقىي تۈركىستانغا بارمىدى، چۈنكى رۇخسەت قىلمايدۇ، ئەگەر بارىدىغان ئىش بولسا، بىز ئۆزىمىز تۈزگەن پىروگراما بويىچە ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز نېمىشقا خىتاينىڭ تەشۋىقات قورالى بولۇپ بەرگۈدەكمىز؟ ئۇلار تۈركىيەدىن ئىنسانپەرۋەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلسۇن، تەكشۈرسۇن، دېدى. شى جىنپىڭ بۇنى تەكلىپ قىلغىلى بەش يىل بولدى، ئەمما بەش يىلدىن بۇيان بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتىگە توسقۇنلۇق چىقىرىپ تۇرۇۋاتىسىلەر؟ نېمىشقا ھەمكارلاشمايسىلەر؟ بىز ھەمكارلىشىشنى خالايمىز، بىز بۇ مەسىلىلەرنى سىياسىي مەسىلە دەپ قارىمايمىز. بىزنىڭ نوقۇل خىتايغا قارشى سىياسىتىمىز يوق ۋە ئىزچىل بىر خىتاي سىياسىتىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن ۋە شۇنداقلا تۈركىيەنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تېزدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىشنى خالايدىغانلىقىنىمۇ قايتا تەكىتلىگەن.

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق**

تەھرىر **ي. قۇرۇم**

لايىھەلىگۈچى **ي. قۇرۇم**

كارىكاتۇر **رادۋا ئادىل**

نەشر قىلغۇچى ئورۇن **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**

نەشر تۈرى **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى**



ئادرېس **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2**
**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL**

**info@istiqlalmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com** **www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15** **+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**


**DOĞU TÜRKİSTAN**
**BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**
**شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**